# 83381 ـ قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەر-ئايال، چاچ ۋە تىرناق ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ

## سۇئال

قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئەر ياكى ئايال بولسۇن چاچنى قىسقارتىشى ۋە تىرناق ئېلىشى توغرا بولامدۇ؟، زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن كېيىن قۇربانلىق قىلغۇچىلارنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر ئۇچۇن چاچ ئېلىش، تىرناق ئېلىش ۋە بەدەنلىرىنىڭ مۇيلىرىنى ئېلىشى چەكلىنىدۇ. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى، زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن باشلاپ قۇربانلىق قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا، چاچ-ساقال ۋە بەدەن مۇيلىرىدىن بىر نەرسەلەرنى ئالماسلىقى كېرەك.

يەنە بىر رىۋايەتتە: زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى كىرگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلسا، چاچلىرىدىن ۋە بەدەن مۇيلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئالمىسۇن، دېيىلگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 1977-ھەدىس].

نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى كىرگەندە نېمە ئىشلارنى قىلماسلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولدى، سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب، رەبىيئە، ئەھمەد، ئىسھاق، داۋۇد ۋە بەزى شاپىئى مەزھەب ئۆلىمالىرى: ئۇ كىشىنىڭ قۇربانلىقنى قىلىپ بولغانغا قەدەر چاچ ئېلىشى، تىرناق ئېلىشى ۋە بەدەن مۇيلىرىدىن بىر نەرسە ئېلىشى چەكلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام شاپىئى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: ئۇ كىشىنىڭ چاچ، تىرناق ئېلىشى قاتارلىق ئىشلار ھارام ئەمەس بەلكى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. "مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى". بۇ ھۆكۈم قۇربانلىق قىلىدىغان بارلىق ئەر-ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: زۇلھەججە ئېيى كىرگەندە، ئۆزى ياكى ئائىلىسى ياكى ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئايال چېچىنى قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: ئۇ ئايال چېچىنى چۈۋۈپ

يۇسا بولىدۇ لېكىن تاغاق سېلىپ تارىسا بولمايدۇ، چۈنكى چاچنى تارىغاندا چاچ يۇلۇنۇپ كېتىدۇ، ئەمما چاچنى چۇۋۇپ ياكى يۇيۇپ بولغىچە چاچ چۈشۈپ كەتسە بۇنىڭ زىيىنى يوق دەيدۇ. ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى"18-توم 47-بەت].

ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم-كېچەك، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە 70290- نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.